سمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق



# قىزىل ئارمىيىنى ئىزدەش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



لويەنجوۋ قاتارلىقلار

# قىزىل ئارمىيىنى ئىزدەش

تەرجىمە قىلغۇچىلار: تۇرغۇن
ئارزىگۇل ئايۇپ
مىنەۋەر توختى
نۇرگۇل مەمەت نىياز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(C I P)数据

找红军/鲁彦周等著；吐尔洪·吐尔逊译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.5（2007.4重印）
（少年红色经典）
ISBN 978-7-228-10210-5

Ⅰ.找… Ⅱ.①鲁…②吐… Ⅲ.儿童文学—革命故事—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I287.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2006）第052173号

策　　划：艾克巴尔·艾力
责任编辑：艾克巴尔·艾力
责任校对：热娜古丽·阿布力米提

**找红军**（维吾尔文）

吐尔洪·吐尔逊等　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　6.5印张　2插页
2006年7月第1版　2009年2月第3次印刷
印数：7061—11060

ISBN 978-7-228-10210-5　定价：9.00元

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社 2004 年 9 月第 1 版，2004 年 9 月第 1 次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۇل ئابلىمىت

# قىزىل ئارمىيىنى ئىزدەش

تەرجىمە قىلغۇچى : تۇرغۇن تۇرسۇن قاتارلىقلار

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 6.5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 7061——11060
ISBN 978 — 7 — 228 — 10210 — 5
باھاسى : 9.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» ناملىق بۇ
مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايىد-
لەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى تۈركۈم-
دىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلى-
رىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر.
ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل
جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھ-
رىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى
ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىزچىل چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى
چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىز-
لىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مە-
نىۋى تۇۋرۇكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلى-
كىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان
قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ
ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈل-
دى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پارا-
سىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك،
ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەش-
ۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

ساددا ھەم كۆچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، تـوقـۇ-نۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىلـ-لىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسۇناژلار-نىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل تۇرمۇش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجا-دىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېڭىلىق تۈيغۇسى ۋە ئوقۇش-چانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدى-لىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئۇس-لۇبىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستې-تىك رولىغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلا-بىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېڭزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قەھرى-مانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد، بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كارتون فىلىم، ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپ چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىن-لىشىش، مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىز، ئىن-قىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۈز-لۈكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئۈ-مىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە

قىزىل ئارمىيىنى ئىزدەش ................................ 1
مەن بىلەن شياۋ رۇڭ ................................ 41
ئابىگىياھ ................................ 81
تاڭ ئالدىدىكى ھېكايە ................................ 99
كۇ نيۇ ................................ 119



لۇ يەنجۇ

# قىزىل ئارمىيىنى ئىزدەش

## 1. ئانامدىن ئايرىلىپ قالدىم

مەن ئانام، دادام بىلەن ليەنخۇا تېغىدىكى بىر غارغا يوشۇرۇنۇپ تۇردۇق. ھەربىر كۈن ئۆتسە، دادام غارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بىر تال تاش قويۇپ قوياتتى، بۈگۈن تاشنىڭ سانى 11 گە يەتتى. دادام قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ئىدى. قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى يۆتكەلگەندە، دادامنىڭ پۇتى زەخىملەنگەن بولغاچقا قوشۇنغا يېتىشەلمىگەنىكەن. ئانام بىلەن مەن قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتى بىلەن بىللە يۆتكەلگەنىدۇق، بىر قېتىم ئاق باندىتلار تاغنى ئاختۇرغاندا، بىز قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. مەن ئانام بىلەن ئىككىمىز قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتىنى تاپالماي، تۇيدۇرماي تاغدىن چۈشۈپ، بىر ئاكىغا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ ئانامغا دادامنىڭ ليەنخۇا تېغىنىڭ سىرىق ئوت ئازگىلىدىكى بىر غاردا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئانام بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ دادامنى ئىزدەپ تاپتۇق. ئاق باندىتلار سوۋېت رايونىغا ھۇجۇم قىلغاندىن بۇيانقى ئۈچ ئايغا يېقىن ۋاقىتتا بىز دادام بىلەن بىللە ئەمەس

ئىدۇق، بۇ قېتىم بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى يەنە جەم بولدۇق.

ئۇ چاغدا، مەن ئاران توققۇز ياشتا ئىدىم. باشتا، بىزگە تاغدا ھېچ ئىش بولمىدى. قەمەرىيە 2 ـ ئايدا، كۈن كۆتۈرۈلۈش بىلەنلا ھەممە يەر ئىللىپ كېتەتتى. مەن ئادەم بويىدىن ئاشىدىغان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرەتتىم، ئۇچلۇق تاشلار بىلەن يەردىن ياۋا سەي، بامبۇك يىلتىزى كولايتتىم، بەزىدە تىيىنمۇ ئۇچراپ قالاتتى، ئۇ شاخقا چىقىۋېلىپ يۇپيۇمىلاق كۆزلىرىنى ئويناتقىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى، مەن بولسام دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى دوراپ، ئۆزۈمگە قىزىقتۇراتتىم. بەزىدە، تاغ ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بوۋاي پەم بىلەن تاغقا چىقاتتى، ۋاقىتلىق قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان مەن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن سەكرەپ چىقىپ، قەستەن «نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەمسەن؟» دەپ توۋلاپ قوياتتىم، ئۇ بوۋاي چۆچۈپ كېتەتتى، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا ئېسىلىپ بوينىدىن قۇچاقلىۋالاتتىم، ئۇ «ئوبدان بالام، مېنى چاپسان داداڭنىڭ قېشىغا باشلاپ بار.»دەيتتى ـ دە، بوينىغا مىندۇرۇپ غارغىچە ئېلىپ باراتتى.

بىراق، بۇ بىرنەچچە كۈندە ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش بولدى.

ئۇ بوۋاينىڭ كەلمىگىنىگە بەش ـ ئالتە كۈن بولۇپ قالدى. تاغ ئاستىدىن ئوق ئاۋازى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. كۈندۈزى بىز ئوت ـ چۆپ ئارىسىدا تۇرۇپ تاغ ئاستىدا ئۇيەر ـ بۇيەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۈتۈننى كۆرەلەيتتۇق، بەزىدە شامالدا كۆيۈكنىڭ پۇرىقىمۇ كېلەتتى، كەچتە ئۇيەر ـ بۇيەرلەردىن ئوت يورۇقى كۆرۈنەتتى. تۈن نىسپى بولۇپ، ئەل ئايىغى بېسىققاندا، بىردەم ـ بىردەم يىغا ـ زار ئاۋازىمۇ ئاڭلىناتتى. دادام ھەر قېتىم ئوت يورۇقىنى كۆرگەندە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، چىرايى قارىداپ

ئۈن چىقمايتتى. ئانام مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ يۈزىنى بېشىمغا يېقىپ، مىدىر - سىدىر قىلماي تاغ ئاستىغا قاراپ، «ھۇ يالاقچىلار، ھامان بىر كۈنى سەنلەردىن بۇ ھېسابنى ئالماي قويمايمەن!» دەيتتى.

بىزگە بىرنەرسە يېمىگىلى ئىككى كۈن بولدى. تاماق ئېتىپ يەيدىغان پۇچۇق ساپال داستا بىرنەچچە تال ياۋا سەي لەيلەپ تۇراتتى، ئانام بىر نەچچە تال ياۋا سەينى پوچۇق چىنىگە سېلىپ دادامغا ئۇزاتتى، دادام چىنىنى قولىغا ئېلىپ چىنىدىكى قارىداپ كەتكەن سۇغا قاراپ بىرھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىپ، ماڭا بۇرۇلۇپ:

— شياۋگۇ، سەن يە! — دېدى.

مەن ئالغىلى قولۇمنى ئۇزىتاي دەپ بولۇپ، دادامنىڭ يارىسىنىڭ ئەمدىلا ياخشىلانغانلىقى، قورسىقىنىڭ بەكرەك ئاچىدىغانلىقى ئېسىمگە كەلدى - دە:

— دادا، قورسىقىم ئاچمىدى! — دېدىم.

ئانام مېنى شارتىدە تارتىپ باغرىغا بېسىپ، يۈزۈمگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ:

— شياۋگۇ، كېلە، ئۇيقۇڭ كەلگەندۇ، قۇچىقىمدا ئۇخلا، ئەتە ئىتلار كەتسە، مەن سېنى موماڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىراي، موماڭنىڭ ئۆيىدە خاسىڭ ماتىڭى، تۇخۇم بار، مەن ساڭا چوڭ چىنىدە بىر چىنە تۇخۇم سېلىپ ئاش ئېتىپ بېرىمەن، — دېدى.

ئانام مېنى گۆدەك چاغلاپ گوللاۋاتاتتى، يەنە يانچۇقىدىن بىر داچەننى چىقىرىپ، ئەتە ئىش بولمىسا كېيىن ماڭا تەپكۈچ ئېتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئانامنىڭ مېنى گوللاپ شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم، ئانام مېنى ئاستا شاپىلاۋاتاتتى، غىڭشىپ قايسىبىر ناخشىنى ئوقۇۋاتاتتى، مەن بىردەمدىلا

ئاچ قورسىقىمنىڭ غولدۇرلاشلىرىنى ئۇنتۇپ، ئانامنىڭ قۇچى-
قىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن.
مەن دادامنىڭ ئانامغا: «يېگىلى بىرنەرسە بولمىسا كارايىتى
چاغلىق، تەشكىل بىلەن بولغان ئالاقىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنى-
نى...، پارتىيىنى، قىزىل ئارمىيىنى جەزمەن ئىزدەپ تېپىشى-
مىز لازىم.» دېگىنىنى غۇۋا ئاڭلىدىم. كېيىن مەن يەنە ئانام-
نىڭ: «مەن ئەتە تاغدىن چۈشۈپ قاراپ باقاي.» دېگىنىنى ئاڭلى-
دىم. ئۇلار يەنە نېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن.
مەن جىق چۈش كۆردۈم: چۈشۈمدە قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى تا-
غام يەنە قايتىپ كەپتىمىش، مېنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ماڭا
«ئاۋغۇستتا كەركىدانگۈل ھەممە يەردە ئېچىلىپ، كۆكچۈللەر شاد
يايرىدى، قىزىل بايراق قادىلىپ...» دېگەن ناخشىنى ئۆگىتىۋا-
تىمىش، چۈشۈمدە يەنە بالىلار تۆۋەندىكى ئاكىلىرىمنى كۆرۈپتى-
مىشمەن، مېنى كەنتنىڭ ئاغزىدا پوستتا تۇرغۇزغانمىش، بىز
خەنجەر چىشلىق ئاققۇيرۇقتىن بىرنى ئوۋلاپ، دەريا بويىدا ئوت
قالاپ مەززىلىك كاۋاپ قىلغانمىشمىز. بۇ چاغدا ۋاڭ رەئىس، يەنە
باشقا ئاچىلار ۋە قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى كېلىپ، بىللە يې-
گەچ ناخشا ئېيتىشىۋېتىپتىمىز...
مەن تۇيۇقسىز شاراقلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەت-
تىم، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، ئانام ئوت - چۆپ بىلەن غارنىڭ
ئاغزىنى ئېتىۋاتىدۇ، دادامنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم،
سىرتتا گۈرۈلدەپ بوران چىقىۋېتىپتۇ، بوران غارنىڭ ئاغزىغا
ئۇرۇلۇۋاتاتتى، تاغ تەۋرەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.
ئانام مېنىڭ ئويغانغىنىمنى كۆرۈپ، ئۆزى كىيگەن كونا
پاختىلىق چاپاننى ماڭا كىيدۈرۈپ قويدى، ئاندىن:
— شياۋگۇ، چىقىپ داداڭغا قاراپ باق، — دېدى.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

— دادام نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدىم.

— ئوت يىلتىزى كولىغىلى چىقىپ كەتكەن. شياۋگۇ، سەن داداڭنى تېپىپ قايتۇرۇپ كەل، ئىككىڭلار بىر يەرگە كەتمەي تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن تاغدىن چۈشۈپ قاراپ بېقىپلا قايتىپ كېلىمەن، — دېدى ئانام.

ئانامنىڭ تاغدىن چۈشمەكچى بولغىنىنى ئاڭلاپ، ئانامنىڭ قولىغا ئېسىلىپ:

— ئانا، مېنىمۇ ئېلىۋېلىڭ! ئۆينى بەك سېغىنىپ كەتتىم، — دېدىم.

— بولمايدۇ، سەن بارساڭ بولمايدۇ. سەن چاپسان بېرىپ داداڭنى تېپىپ كەل، — دېدى ئانام.

مەن ئانامنىڭ ئاچچىقىنى بىلەتتىم، بولمايدۇ دېسە زادىلا ئۇنىمايتتى، ئىلاجىسىز غاردىن ئۆمىلەپ چىقتىم. كىم بىلسۇن، غارنىڭ ئاغزىدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىغا بېرىپلا شاراقشىغان ئاۋازنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، تاغ - جىلغىنى ئاق باندىتلار قاپلاپ كېتىپتۇ، ئېگىشكىنىچە مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ تاغقا چىقىپ كېلىشىۋاتاتتى. مەن ئوت ئارىسىغا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، كەينىمگە قاچاي دەپ تۇرۇشۇمغا، دادامنىڭ ئاقسىغان پېتى بامبۇكزارلىق ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم. يالاقچىلار پاڭ - پۇڭ قىلىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى، ئۇلار غالجىر ئىتلاردەك: «كوممۇنىست، ئاۋۇ يەردە ئىكەن، تىرىك تۇتايلى!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

دادامنى دۈشمەن بايقاپ قالدى! مەن شۇ دەقىقىدە قېتىپلا تۇرۇپ قالدىم، دادامنى دۈشمەنلەر تۇتۇۋالسا بولمايدۇ! مەن يەنە ئالدىمغا قارىسام، دادام نەلەرگىدۇر كىرىۋېلىپ بوپتۇ. ئون نەچ-

چە يالاقچى بامبۇكزارنى قورشاپ ئۇوق ئېتىۋاتىدۇ. مەن جىددىي پەيتتە ئەقىل تېپىپ، يوغان بىر تاشنى ئېلىپ بىر يالاقچىغا ئاتتىم، مەن تاشنى ئېتىۋېتىپ شەرققە قاراپ قاچتىم. تاش تەگ-كەن دۈشمەن ۋايجان دەپ توۋلىۋەتتى، ئاندىن «بۇ يەردە ئىكەن، بۇ يەردە ئىكەن ! » دەپ ۋارقىراپ، ئاياغ تىۋىشىم تەرەپكە قوغلاپ كەلدى. مەن بىر چاتقاللىقنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، جىم-مىدە تۇرۇۋالدىم، دۈشمەن ئوتلارنى شىلدىرلىتىپ يېنىمدىن يۈ-گۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن چاتقاللىق ئارىسىدا قانچىلىك تۇرغىن-نىمنى بىلمەيمەن، ئانامنىڭ پاختىلىق چاپىنى بىلەن مەھكەم ئورىنىپ تۇردۇم، باشتا ئۇوق ئاۋازى ۋە ئادەملەرنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانغانىدى، كېيىنچە ھېچنېمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى، پەقەت بوراندا دەرەخ شاخلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

بىر تىيىن كۆزىنى چەكچەيتىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى، لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوينىغىلى نەدىمۇ رايىم بولسۇن ! مەن چات-قالنى پەم بىلەن قايرىپ، بوينۇمنى سوزۇپ قاراپ باقتىم. ھېچ-كىم يوق ئىدى. مەن ئۆمىلەپ قوپتۇم، ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ كېتىپتۇ، بۇلۇتلار دولقۇنلاۋاتاتتى، بوراندا غازاڭلار ئۇچۇۋاتاتتى. تاغنىڭ تۆۋىنىگە قارىسام ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. مەن ئېھتىيات بىلەن بىز يوشۇرۇنغان غارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ماڭدىم، غارنىڭ ئاغزىدىكى بوراندىن دالدا قىلىنغان ئوتلار ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، يۇرىكىم قارت قىلىپ كەتتى، غارغا قارىسام، كونا يوتقان تىتما ـ تىتما بولۇپ كېتىپتۇ، كوزىمۇ چېقىلىپ كېتىپتۇ، غارنىڭ ئىد-چىگە سېلىنغان ئوت ـ پاخالمۇ قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ. پا-خالدا كىچىككىنە قان ئىزى تۇرىدۇ ...

ئانا ! ئانا سىز نەدە؟ مەن خۇددى كاچكۈلغا چۈشۈپ كەتكەن-

دەك بولدۇم. مەن غاردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، يىغلاپ تۇرۇپ، «ئانا ! دادا !» دەپ ۋارقىرىدىم، تاغدا ئىگىز ـ پەس يۈگۈرۈپ يۈ- رۈپ «ئانا ! دادا !» دەپ توۋلايتتىم.

ئاۋازىم بوراندا ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۈنۈممۇ پۈتتى، مەن يەنىلا بوغۇق ئاۋازىم بىلەن «ئانا ! دادا» دەپ توۋلايتتىم. ماڭا بوراننىڭ ھۇشقىرتقان ئاۋازى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئەكس سادايىلا ئاڭلىناتتى.

يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنىمۇ بىلمەي- مەن. مەن بىر پەلەككە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشۇمدىن كەتتىم.

## 2. قىزىل ئارمىيىگە بالا بولۇش

يەنە قاراڭغۇ چۈشتى، مەن يۈزۈمگە چۈشكەن قار ئۇچقۇنى- دىن ئويغىنىپ كەتتىم. قار ئارىلاش ئۇششاق مۆلدۈر يېغىۋاتات- تى، تاغنىڭ ھەممە يېرىدىن پاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە يىلپىز ھۆركىرەۋاتاتتى. مەن بەك توڭلىدىم، قورسىقىممۇ ئېچىپ كەتتى. تاغنىڭ ھەممە يېرى قاپ- قاراڭغۇلۇق، قاياققا مېڭىشىنىمۇ بىلەلمىدىم. مەن ماڭقامنى يې- ڭىمگە سۈرتۈۋېتىپ ئورنۇمدىن تۇراي دەپ تۇرالمىدىم، يۈزۈمنى يېڭىم بىلەن يۆگىدىم، ئىچىم ئېچىشتى، كۆز يېشىم توختىماي ئاقتى. چاپاندىن ئانامنىڭ خۇشبۇي ھىدى كەلدى، ئانامچۇ؟ دادامنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. سۆيۈملۈك قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ئاكىلىرىمنىڭ قاچان قايتىپ كېلىپ ماڭا ھېلىقى «ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى» نى ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويىدىغان- لىقىنىمۇ بىلمەيمەن.

يىلپىزنىڭ ھۆركىرىشى بارغانسېرى ئۈنلۈك ئاڭلانغىلى تۇردى، مەن ھەم توڭلىدىم، ھەم قورقۇپ كەتتىم، پۈتۈن ئەزايىم تىترەۋاتاتتى، ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئاران تەستە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كىچىكرەك بىر دەرەخنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئويغا پاتتىم: نەگىمۇ بارارمەن؟ غارغا يەنە بىر قاراپ باقاي بولمىسا، دادام بىلەن ئانام غاردا مېنى ساقلاپ تۇرامدۇ تېخى، ئەگەر دادام بىلەن ئانامنى تاپالمىسام جەنۇبقا قاراپ ماڭاي، قىزىل ئارمىيە جەنۇب تەرەپكە كەتتىغۇ!

مەن تەمتىرەپ يۈرۈپ ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم، ئانچە ئۇزاققا بارمايلا تۇيۇقسىز ياپيېشىل پارقىراپ تۇرغان ئىككى نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم، ئارقىدىنلا ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك ھۆركىرىگەن ئاۋاز بىلەنلا بىر چىپار يىلپىز يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن كاپلا قىلىپ بىر توپ قارىغاينى تۇتۇۋالدىم، پۇتلىرىم تىترەپ كەتتى، ۋارقىرىسام پەقەتلا ئۈنۈم چىقمىدى، مەن بەك قورقۇپ كەتتىم!

«يىلپىز، يىلپىز، مەن ئاتا ـ ئانامنى ئىزدەيمەن، سەن مېنى قورقۇتما، سەن ...،» مەن دەرەخنىڭ كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپ پىچىرلايتتىم. خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتتى، ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى، قار ئۇچقۇنداۋاتىدۇ، يىلپىز نەلەرگىدۇ كەتكەنىدى.

مەن غەيرەتكە كېلىپ، ئالدىمغا قاراپ يۈگۈردۈم، نەدىن كۈچ كەلگىنىنىمۇ بىلمەيمەن، توختىماستىن بىز يوشۇرۇنغان غارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم. غارغا قارىسام قاپقاراڭغۇ. پۈتۈم بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى، مەن تىترەك ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم: «دادا! دادا!»

غاردىن ئەكس سادا قايتتى، مەن يەنە ئىككى قېتىم ۋارقىرىدىم، يەنىلا جاۋاب كەلمىدى. مەن غەيرەتكە كېلىپ غارغا كى-

رىپ، غارنى سىلاشتۇرۇپ ماڭغاچ تورۇلىدىم، غارغا ئۆسۈپ سېلىپ بېشىم يوغان ئىششىپ قالدى. ئانام بىردىنلا تاشنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ «شياۋگو، ئوبدان بالام» دەپ توۋلاپ، مېنى باغ-رىغا چىڭ باسقان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! لېكىن غارنىڭ تېمىدا سۇ تامچىسىلا بار ئىدى.

مەن پاخالنىڭ ئۈستىدە جىمجىت ئولتۇردۇم. ئادەتتە ئانام بىلەن دادام مېنى زېرەك دەپ ماختايتتى، لېكىن بۇ قېتىم دۆت بولۇپ قالدىم، نەگە بېرىشىمنىمۇ بىلەلمىدىم، كاللامغا ھېچنېمە كەلمىدى. مەن ئانام بەرگەن داچەننى چىقىرىپ ئىختىيارسىز ھالدا ئاغزىمغا سالدىم.

تاغنى شىۋىرغان قاپلىدى. تۇيۇقسىز شامالدا بىركىم: «شياۋگو! شياۋگو!» دەپ توۋلىغاندەك بىلىندى. باشتا قۇلىقىم-غا شۇنداق ئاڭلانغان چېغى دەپتىمەن، قۇلىقىمنى كوچىلىۋېتىپ زەن سالسام ئاۋاز بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاڭلىنىپ بارغانسېرى يېقىنلىدى: «شياۋگو! شياۋگو!»

«دادام ئىكەن!» مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ غارنىڭ ئاغزىغا چىقتىم. «شياۋگو، شياۋگو» دېگەن ئاۋاز ئۈستى تەرد-پىمدىن كېلىۋاتاتتى. ئۆرۈلۈپ قارىسام، بىر قارا كۆلەڭگە تاش-نىڭ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتاتتى. مەن كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قا-رىسام دادام ئىكەن! دەرۋەقە دادام ئىكەن!

«دادا!» دەپ ئۈنلۈك چاقىردىم.

دادام سەكرەپ چۈشتى، مەن دادامنىڭ قېشىغا ئېتىلىپ بې-رىپ، دادامنىڭ پۇتلىرىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم، دادامنىڭ پۇت ـ قوللىرى تىترەۋاتاتتى، مېنى يۆلۈپلا قۇچىقىغا ئېلىپ «بالام!» دەپلا باشقا گەپ قىلالمىدى. مەن يۈزۈمنى يۈزىگە ياقتىم، دادامنىڭ يۈزى قىزىپ كەتكەنىدى.

دادام خېلى بىر پەستىن كېيىن مېنى يەرگە قويدى. مەن ئۇنى سىلكىپ تۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن سورىدىم «ئانام قېنى؟ ئانام نەگە كەتتى؟»

دادام ئۈن چىقمىدى، مەن ھەم ئالدىراپ كەتتىم، ھەم قورقـتۇم، توختىماي سوراۋەردىم، دادام تۇيۇقسىز يەرگە تېپىپ تۇرۇپ:

— ئاناڭنى دۈشمەن تۇتۇپ كەتتى ! — دېدى.

دۈشمەن تۇتۇپ كەتتى !؟ ئۇنداقتا غاردىكى پاخالغا تامغان قان ئانامنىڭ قېنى ئىكەن ـ دە ... مەن دادامنى قويۇۋېتىپلا تاغدىن پەسكە قاراپ يۈگۈردۈم، دادام جىددىي قىياپەتتە توۋلـىدى — شياۋگۇ، نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟

— مەن ئانامنى تاپىمەن، مەن ئۇلارغا دەپ ئانامنى تاپىمەن ! — مەن توۋلىغان پېتى يۈگۈردۈم، دادام كاپلا قىلىپ مېنى تۇتۇۋېلىپ:

— سەن ئاناڭنى كىمگە دەپ تاپىسەن؟ مۇشۇ باندىتلار، ئەكسىلئىنقىلابچىلار، يالاقچىلار، گومىنداڭچىلارغا دەپمـا؟ ئۇخـلىماي چۈش كۆرمە، قان قەرزنى قان بىلەن ئالىمىز ! — دېدى.

ئانا، سۆيۈملۈك ئانا ! ئۆتكەن بىر ئىش تۇيۇقسىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى: بىر كۈنى مەن ئانام بىلەن يولدا كېتىۋاتسام، بىر ئاچا ئۇچرىدى، ئۇستى تەرىپىگە كىيىم كىيمەپتۇ، كۆكرىكىگە ئىككى يەرگە پىچاق سانجىلغان ئىز بولۇپ، قان بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتاتتى. قۇچىقىدا ئىككى ـ ئۈچ ياشلاردىكى بىر قىز بالا بولۇپ، قىز بالىنىڭ بېشىمۇ يېرىلىپ كەتكەنىدى ...

مەن شۈركىنىپ كېتىپ دادامغا يۆلىنىۋالدىم. دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازى خېلى يەڭگىل چىقتى:

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com